# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛




ISSN 1673-1476
10 >
9 771673 147057

2009 5

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

阿布都热西提·基力



# جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پىنىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىنكى راۋاجى يەنە شۇ ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ چېكىنىشكە، خۇددۇكىسىنىشكە يۈز تۇتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىمىزگە مەلۇملۇق. گەرچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يۇقىرى دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ سانىدا ئىزچىل ئارتىش بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا تەپەككۇر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەۋجۇدىيىتى نۇقتىسىدىن ئىلمىي ئىجاد ۋە ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى نەشىر ئەپكارلىرىمىزدىن ئاشكارىدۇر. بۇ يەردە يەنىلا ھادىسىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدىكى تەھلىل ۋە مۇنازىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ، ئىمكانىيەت دائىرىسىدە بەزى ئىلمىي ئاتالغۇلارنىڭ تىلىمىزدا ئالاقدار ئىلىم، بىلىم تىلىدا ئىزاھلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە يەنە تۆۋەندە جەمئىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە) ۋە ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) پەنلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بەزى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمىز.

**1. كۇلتۇر** (Culture/文化) [①]

كۇلتۇر ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «يەر ھەيدىمەك، تېرىپ يىغماق» مەنىسىگە توغرا كېلىدىغان لاتىنچە Colere سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، بۇ سۆز Cultivate (ھەيدەپ تېرىماق، يېتىشتۈرمەك، تەرەققىي قىلدۇرماق) ۋە Agriculture (يېزا ئىگىلىكى، دېھقانچىلىق) دەك سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ.[②] Culture سۆزى 17 - ئەسىرگە قەدەر فرانسۇز تىلىدا «ئېكىن، تېرىقچىلىق» مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان. تونجى قېتىم ۋولتايىر (Voltaire) كۇلتۇر سۆزىنى ئىنسان ئىدراكىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ۋە يۈكسەلدۈرۈلۈشى مەنىسىدە قوللانغاندى. كېيىن گېرمانچىگە كىردى ۋە 1793 - يىلى تۈزۈلگەن گېرمانچە لۇغەتتە Cultur شەكلىدە كۆرۈلدى. مىللەتشۇناس گ. كلام «ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي كۇلتۇر تارىخى» دېگەن ئون جىلدلىق ئەسىرىدە Cultur سۆزىنى ئۇيغۇرلۇق يەنى مەدەنىيەتنىڭ زىنتى شەكلىدە ئىزاھلاپ ئىشلەتكەن. كېيىنكى يىللاردا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق بىلىملىرىنىڭ پەلسەپىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىشى نەتىجىسىدە «كۇلتۇر/Culture» ۋە «مەدەنىيەت /Civilization» ئاتالغۇلىرى بۇ پەنلەردىكى مەركىزىي ئاتالغۇغا ئايلانغان ھەمدە ئېنىقمۇ چوڭقۇرلاپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. كۇلتۇر ئاتالغۇسى ھەققىدىكى ئېنىقلىمىلارنىڭ ئورتاق نۇقتىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلاش مۇمكىندۇر.

**كۇلتۇر:** مىللىيلىكى ۋە خاسلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ تىل، دىن، ئەخلاق، قانۇن، ئەقىل، ئېستېتىكا، ئىقتىساد ۋە ھۈنەر - تېخنىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزىگە خاس ياشاشلىرىنىڭ ئۇلۇغ تاناسىپلىق جىسملاشقان گەۋدىسىدۇر. ئۇشبۇ ئېنىقلىمىدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، كۇلتۇرنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان تىل، ئەقىدە - ئېتىقادلار، سەنئەت، ئەخلاق، تۆرە، ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنىۋى سىمۋوللار مەلۇم بىر جەمئىيەتنى يەنە بىر جەمئىيەتتىن ئايرىيدىغان، «بىز» ۋە «ئۇلار» ئارىسىدىكى چېگرىنى ئوچۇق ۋە روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان، «بىزنى بىز قىلغان» قىممەتلەرنىڭ تەمەسسىدۇر. ئۇيغۇر كۇلتۇرى دېيىلگەندە، ئۇيغۇرلارنى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆزگىچە پەلسەپىسى، تەپەككۇر شەكلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، شايى - ئەتلەسلىرى، كۈلۈش شەكىللىرى، ئېيتىنك تۇيغۇلىرى... قاتارلىق پەقەت ئۇيغۇرلاردىلا ئومۇمىي بولغان مىللىي خاسلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قىسقىسى، كۇلتۇر مەلۇم بىر جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە خاسلىقىدا ئەڭ كەسكىن دەرىجىدە بەلگىلىگۈچى ئامىلدۇر.

كۈلتۈرنىڭ سۇسلىششى ياكى يوقىشى ئۇ جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ سۇسلىششى، ئوخشاپ قېلىشى ياكى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى ھەتتا تامامەن ھالاك بولۇشى دېمەكتۇر.

**1) ئۈست كۈلتۈر** (主文化/Dominant Culture)

ئۈست كۈلتۈر — جەمئىيەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، بەلگىلىگۈچى بولغان ھەمدە جەمئىيەتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغان كۈلتۈردۇر. ئۈست كۈلتۈرنىڭ جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ھەرىكەت - قىلىقلىرى، تەپەككۇر شەكىللىرىگە قارىتا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۈست كۈلتۈر ئاتالغۇسى جەمئىيەتلەر ئەنئەنىۋى جەمئىيەت باسقۇچىدىن چىقىپ زامانىۋى جەمئىيەت بولۇشقا يۈز تۇتقاندا ياكى زامانىۋىلىشىش باسقۇچىنى تاماملاپ تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت باسقۇچىغا كىرگەندە يەنى جەمئىيەت كۆپ خىللىشىپ بارغاندا روشەنلىشىدىغان ھادىسىدۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە بىر قانچە ياكى نۇرغۇنلىغان ئاست كۈلتۈر گۇرۇپپىلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**2) ئاست كۈلتۈر** (亚文化/Subculture)

ئاست كۈلتۈر — جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئەزالار تەرىپىدىنلا قوبۇل قىلىنغان ياكى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغىلا ئائىت بولغان كۈلتۈرلەر ئادەتتە ئاست كۈلتۈر دەپ قارىلىدۇ. ئاست كۈلتۈرلەر ئادەتتە ئۈست كۈلتۈرلەر بىلەن توقۇنۇشمايدۇ ياكى زىتلاشمايدۇ. يەنى ئاست كۈلتۈرلەر ئۈست كۈلتۈردىن پەقەت قىسمەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاست كۈلتۈردە ئۆلچەملىك بىر ئايرىملىق ۋە ئايرىم بىر ھەمكارلىق - بىرلىك بار بولغان بولىدۇ. ئەكسىچە يەنە ئۇنى بېيىتىدۇ. ئاست كۈلتۈرنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللار زامان، ماكان، يېقىنلىق، تۇرالغۇ، گۇرۇپپىغا خاس ئورتاق خۇشاللىق ۋە ئازابلاردۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئۈست كۈلتۈرى بار دېسەك، ئۇنداقتا لوپنۇر ۋە خوتەننىڭ بەزى چۆللۈكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزگىچە كۈلتۈرەل ھاياتنى ئاست كۈلتۈر دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن.

**3) قارشى كۈلتۈر** (反文化 Counter-Culture)

قارشى كۈلتۈر — جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىنغان ۋە ئائىلە، مەكتەپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، بولۇپمۇ خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى بىلەن تارقىتىلىدىغان پۈتۈن كۈلتۈرنى ياكى ئۈست كۈلتۈرنى رەت قىلماقچى بولغانلارنىڭ سەنئەت، تەنھەرىكەت، كۆڭۈل ئېچىش ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولغان مەزمۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سۇنئىي كۈلتۈر مەزمۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلار ئەسلىدە ئىجتىمائىي كۈلتۈرنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان ياكى بىلمەيدىغانلاردۇر (ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن، كېيىنكى ئابزاسقا دىققەت!). پەقەت ئۇلار بۇ كۈلتۈرنى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى رەت قىلىشىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي كۈلتۈرنى تەنقىد قىلىپ رەت قىلىدۇ يەنى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ.

قارشى كۈلتۈر مەۋجۇت نىزامغا قارىتا ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشتۇر. مەسىلەن: 20 - ئەسىرنىڭ 60 - 70 - يىللىرىدا غەرب دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھىپپىلەر (嬉皮西) ھەرىكىتى ئەينى چاغدىكى غەرب جەمئىيىتىدە ھاكىم بولغان قىممەت قاراشلارنى ئىنكار قىلغان بىر خىل قارشى كۈلتۈردۇر.

قارشى كۈلتۈرلەرنىڭ ھەممىسى مەنپىي بولۇشى ناتايىن، قارشى كۈلتۈرنىڭ ماھىيىتى ئۇ قارشى تۇرغان كۈلتۈرنىڭ قانداق كۈلتۈرلىكىگە باغلىق بولىدۇ. تەرەققىيات ئىستىقبالى ئېسىل ۋە پايدىلىق بولغان قارشى كۈلتۈر ياكى قارشى كۈلتۈر ھەرىكىتى ئەگەر جەمئىيەتكە زىيانلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ھاكىم كۈلتۈرگە قارشى شەكىللەنگەن بولسا، ئۇ جەمئىيەت ۋە مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. قازان، قىرىم، ئىستانبۇلدا ئەۋج ئېلىپ پۈتكۈل تۈرك تىللىقلار يۇرتىغا كېڭەيگەن «جەدىتچىلىك ھەرىكىتى» نى بۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. يەنە خەنزۇ جەمئىيىتىدە 1915 - يىلى ئوتتۇرىغا چىققان يېڭىچە كۈلتۈر ھەرىكىتى (新文化运动) فېئودال مۇستەبىتلىككە، كونا - قائىدە يوسۇنلارغا قارشى

چىقىپ، پەن – تېخنىكىنى، دېموكراتىيىنى تەرغىپ قىلغان بىر خىل قارشى كۇلتۇر ھەرىكىتى ئىدى. بۇ خىل قارشى كۇلتۇر تەرەققىياتچى، ئىلغار ماھىيەتتە بولۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق ھەم زۆرۈر ئىدى.

### 4 ) كۇلتۇرەل كېچىكىش (Cultural Lag\ 文化堕距)

كۇلتۇرەل كېچىكىش — بىر كۇلتۇرنىڭ ماددىي ئامىللىرى تېخىمۇ تېز، ماددىي بولمىغان ئامىللىرىنىڭ بولسا تېخىمۇ ئاستا ئۆزگىرىشى، بۇ ئىككى ئامىل ئارىسىدا بىر بوشلۇقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئارىدا يېتەرلىك دەرىجىدە پۈتۈنلىشىشنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىگە قارىتىلغان. خۇسۇسەن، كۇلتۇرنىڭ ماددىي قىسمى (سانائەت، تېخنىكىلىق ۋاستىلەر) ماددىي بولمىغان قىسىملىرىغا نىسبەتەن (تەلىم – تەربىيە، ئۆرپ – ئادەت، قىممەت قاراش) تېخىمۇ تېز ئۆزگىرىدۇ. ماددىي بولمىغان كۇلتۇر ئاددىي كۇلتۇرنىڭ كەينىدىن ئۆزگىرىدۇ، يەنى ماددىي بولمىغان كۇلتۇر ماددىي كۇلتۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل ھادىسە شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدا ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ. يېزا – قىشلاقلاردىكى مائارىپ، ئۇچۇرنىڭ تەرەققىياتى شەھەرلەردىكىدىن كېيىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، يېزىلاردىكى ئاھالىلەردە ياكى ئاز تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى ئاممىدا كۇلتۇرەل كېچىكىش ھادىسىسى ئىزچىل ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بەزىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھال – كۈنى ياخشى بولغاچقا ھەرخىل ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالالىشى مۇمكىن، لېكىن تېخنىكىدىن ۋە تىلدىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقى مۇمكىن. رايونىمىزدىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئايال – قىزلىرىمىزنىڭ بەزى گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغىنى بىلەن قانداق ئىشلىتىش تەلەپلىرىنى بىلەلمەي خاتا ئىشلىتىپ قېلىشلىرى ياكى ناتوغرا ئىشلىتىشلىرىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

### 5 ) كۇلتۇرەل نىسپىيلىك (Cultural Relativism 文化相对论)

كۇلتۇرەل نىسپىيلىك — بىر كۇلتۇرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللىرىنىڭ جەمئىيەتتىن جەمئىيەتكە ياكى ئوخشاش بىر جەمئىيەت ئىچىدىن ئورۇن ئالغان پەرقلىق گۇرۇپپىلارغا كۆرە پەرقلىق مەنە ئىپادە قىلىشىغا قارىتىلغان. مەسىلەن: فرانسۇز كۇلتۇرىدە ھاراق – شاراب ئىچىش نورمال قوبۇل قىلىنسا، ئىران جەمئىيىتىدە ھاراق – شاراب ئىچكەنلەر ئەيىبلىنىشى ھەتتا جازالىنىشى مۇمكىن. مۇسۇلمان بولمىغانلار مۇسۇلمانلار سەسكەنگەن ۋە چەكلىگەن ھايۋانلارنى يەيدۇ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كۇلتۇردىكى نىسپىيلىكتۇر. شۇڭا بىر كۇلتۇردە «ياخشى» ۋە «توغرا» دەپ قارالغان قىممەت قاراش ياكى ھەرىكەت شەكلى يەنە بىر كۇلتۇردە شۇنداق بولۇشى ناتايىن ھەتتا «يامان» ۋە «ناتوغرا» بولۇشى مۇمكىن.

### 6) كۇلتۇرەل ياتلىشىش (文化疏离 Cultural Alienation)

كۇلتۇرەل ياتلىشىش — مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئەزالار تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ھەمدە نىسبەتەن يۈكسەك قىممىتى بار ئەقىدە، غايە ۋە قىممەت قاراشلارنى كەمسىتىدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قىلمىشىغا قارىتىلغان.

كەڭ مەنىسى بىلەن كۇلتۇرەل ياتلىشىش ئىنساننىڭ ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى نورمالسىزلىقلارنى، ئۆزىدىن ئۇزاقلىشىشىنى، خۇسۇسەن ئۆرپ – ئادەت، تىل، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي غايە قاتارلىقلاردىن ئۇزاقلىشىپ، يات مىللەت ياكى قوۋملارنىڭ كۇلتۇرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭكىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك خاھىشلارنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ يالىڭاچلاپ ئېيتىدىغان بولسا، كۇلتۇرەل ياتلىشىش — ئۆزلۈكىنى ئۇزاقلىشىشنى، «ئۆز» بىلەن بولغان باغنىڭ بەكلا بوشاپ كېتىشىدەك ھاللارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق گۇرۇپپىلار كۇلتۇرەل مەركەزنىڭ چۆرىسىدىكى گۇرۇپپىلاردىن بولۇپ، ئالغان تەربىيىسى ۋە تەسىرلەشكەن گۇرۇپپىلىرى مەركەزدىكى ئەزالاردىن خېلىلا پەرقلىقتۇر.

ئادەتتە، مەلۇم جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتتە يۈكسەك قىممىتى بار ئەقىدە، قىممەت قاراش ھەتتا كۆز قاراشلارنى كەمسىتىدۇپ پەس ياكى خار كۆر-

...لىسىدە، چەتئىنگىنىدە، جەمئىيەتمۇ ئۇنى يەكلەيدۇ ھەتتا
...ەنە قاقىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، كۇلتۇرەل ياتلىـ
...ش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كۆنىمىز ئۇيغۇر جەمئىـ
...يىتىدە بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ساناقسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈ...
...ىمىز تەس ئەمەس. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىـ
...ى، تەلىم ـ تەربىيە سىستېمىسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش
...ۋە قوپال ئۆزگەرتىشلەر، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رولىنى ياخشى
...ىغا قىلالمايۋاتقانلىقى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ
كۇلتۇرەل ھاياتتا تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك
...ىل سەۋەبلەر بار.

**2. كۇلتۇر ئۆزگىرىشى** (Cultural Change/...比
(文化...

ئۆزگەرمەيدىغان، ئەسلىي پېتىنى ئەبەدىي ساقلاپ قا...
...لىدىغان كۇلتۇر مەۋجۇت ئەمەستۇر. پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ
كۇلتۇرى ھەر خىل دەرىجىدىكى ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولىـ
...ۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئۆزـ
...گىرىش تارىخى بولسا ئەمەلىيەتتە كۇلتۇرنىڭ ئۆزگىرىش تا...
...رىخىدۇر.

يېقىنچە ئائىلە جاھازلىرىنىڭ سىرتتىن كىرگۈزۈلۈشى،
...مئىيەتتە يېڭى پەيدا بولغان مودا كىيىملەرنىڭ ھەممە تەـ
...رىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، ئاشخانىلاردا ئوتتۇن ئورنىغا
كۆمۈر، گازنىڭ ئىشلىتىلىشى... قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملىشىـ
...ى بولسا يېڭى بىر خىل پىكىر ئېقىمىدىن ۋە دىن مەزھىپىـ
...نىڭ قوبۇل قىلىنىپ تارقىلىشىدىن خېلىلا تېز بولىدۇ.

كۇلتۇر ئۆزگىرىشى ۋە ئالمىشىشىدا رول ئوينايدىغان
ئامىللار ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىـ
...دۇ.

**ئىچكى ئامىللار:** جەمئىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك ساھە...
...سىدە (كۆچۈش بىلەن) ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۆزگىرىش.
...مەسىلەن: تەرەققىيات ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان ئىجاد، يې...
...ڭىلىق، تۈرلىنىپ شاخلىنىش (ئىقلىم، توپولوگىيە، مەدەن...
...ىيەتلىرى)، باغۋەنچىلىكتىن قوي باقمىچىلىققا ئۆتۈش...

**تاشقى ئامىللار:** پەرقلىق كۇلتۇرلەرنىڭ ئۇچرىشىـ
...شى، كۇلتۇرنىڭ يېيىلىشى، كۇلتۇر ئېلىش ـ قوبۇل قىلىش
ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۆزگىرىشلەر.

كۇلتۇر ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدىغان ياكى بىۋاستە
تەسىر قىلىدىغان ئۈچ مۇھىم ئامىل بار:

بىرىنچى: جەمئىيەت ياشاۋاتقان ياكى جەمئىيەت پەيدا
بولغان ماكاندىكى ئۆزگىرىش. مەسىلەن: تەبىئەتتىكى ئۆزـ
گىرىشلەر، ئاپەتلەر، باشقا يۇرت ـ ماكانلارغا كۆچۈش...
يەنە مەسىلەن، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى
نەتىجىسىدە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مىللەتـ
لەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولۇشى نەتىجىسىدە،
تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك شەكلىنى ئۆزگەرتىشى.

ئىككىنچى: پەرقلىق كۇلتۇر ئورنەكلىرىگە ئىگە
بولغان جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇچرىشىش. مەسىلەن:
كۆنىمىزدە تۈرك ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى ئۇيغۇر
كۇلتۇرىنىڭ كوڭزىچى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى خەنزۇ
قاتارلىق مىللەتلەر كۇلتۇرى بىلەن شەكلى ھەرخىل قويۇق
مۇناسىۋەتكە كىرىشى؛ ئافغانىستان ۋە ئىراقنىڭ ئامېرىكا
ئىشغالىيىتىدىن كېيىن غەرب مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدىكى
ھەرخىل مىللەت كۇلتۇرى بىلەن تەسىرلىشىشكە باشلىشى
قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى: تەرەققىيات يولى ئارقىلىق مۇئەييەن بىر
جەمئىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەر. مەسىلەن: مېۋە
توپلاش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان، مەلۇم بىر جەمـ
ئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشى، تېرىقچىـ
لىق بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىشى قاتارلىقلار.

**كۇلتۇر ئۆزگىرىشنىڭ تۈرى:** يىغىنچاقلىغىنىمىزدا
مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: مەجبۇرىي كۇلتۇر ئۆزگىرىـ
شى ۋە ئىختىيارىي كۇلتۇر ئۆزگىرىشى.

**مەجبۇرىي كۇلتۇر ئۆزگىرىشى:** يات ۋە ياۋ
كۈچلەر تەرىپىدىن ياكى ئۆز جەمئىيىتىدىكى ھاكىم تەبىقە
تەرىپىدىن بۇيرۇق ۋە ھەربىي كۈچ بىلەن مەجبۇرىي بىر
شەكىلدە كۇلتۇرنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنىڭ ياكى تەمەمـ
مىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مىڭ سۇلاـ
لىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈـ
زۈلگەن كۇلتۇرەل سىياسەتلەردىن ئىسىم ـ فامىلەرنىڭ
خەنزۇچە بولۇشى، تىلىنىڭ بىرخىل بولۇشى قاتارلىق چەكـ
لىمىلەر نەتىجىسىدە موڭغۇل دەۋرىدىكى كۆپ كۇلتۇرچە...

لىك بۇ دەۋردە تاق كۇلتۇرچىلىككە ئايلانغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىسىملىرىنى خەنزۇچىگە ئۆزگەرتىشكە، تىلىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان، بۇ خىل مەجبۇرىي كۇلتۇر ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئاقىۋىتىدە كۈنىمىزدىكى تۇڭگان يەنى خۇي مىللىتى ئوتتۇرىغا چىققان. يەنە خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ بۇ دەۋردە كۇلتۇرىدە زور ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى مەلۇم.

**ئىختىيارىي كۇلتۇر ئۆزگىرىشى:** بۇ خىل ئۆزگىرىش ناھايىتى تەبىئىي شەكىلدە جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان، سىڭىشىش جەريانىدۇركى، بۇنىڭدا زورلاش، تېڭىش بولمايدۇ. مەسىلەن: جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش مابەينىدە ئوتتۇرىغا چىققان كارا ئوكې (Kara OK)، بار (Bar)، قەھۋەخانا كۇلتۇرلىرى بۇ شەكىلدىكى كۇلتۇر ئۆزگىرىشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك كۇلتۇرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر قىسمى ئىختىيارىي كۇلتۇر ئۆزگىرىشى كاتېگورىيىسىگە كىرىشى مۇمكىن.

### 3. ئېتنىك /كۇلتۇرەل مەركەزچىلىك (文化中心主义 \Ethnocentrisam)

بىر كىشىنىڭ، بىر گۇرۇپپىنىڭ ياكى مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆز كۇلتۇرىنى ۋە جەمئىيىتىنى ئەڭ ئۈستۈن، ئەڭ قىممەتلىك كۆرۈش ياكى كۆرسىتىش مەيلى بولىدۇ، بۇ يەنە كۇلتۇرەل مەركەزچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىنى مەركەزگە قويۇش، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. بۇ خىل خاھىش بار كىشى ياكى گۇرۇپپىلار، باشقا كۇلتۇرلارغا ئۆزىنىڭ كۇلتۇرەل ئۆلچەملىرى بويىچە باھا بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ كۇلتۇرىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ ياكى ئۈستۈن تۇتىدۇ. بۇ خىل خاھىشنى نۇرغۇن جەمئىيەت ۋە كۇلتۇرلاردا ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. ھەر بىر جەمئىيەت ئىرقىنىڭ ئەڭ ساپ، تۆرە ياكى كۇلتۇرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك، تارىخىنىڭ ئەڭ شانلىق، دىنىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ھەق دىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ياكى شۇنداق بىلىشكە تىرىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق مىللىي بىرلىكنى كۈچەيتىشكە، ئۇيۇشقاقلىقنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ئېتنىك مەركەزچىلىك ياكى كۇلتۇرەل مەركەزچىلىك كۆپىنچە باشقا كۇلتۇرلەرنى خاتا چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ خىل مەركەزچىلىك ياكى مەركىزىيچىلىك سىرت بىلەن ئالاقىسى ئانچە قويۇق بولمىغان، بېكىنمە جەمئىيەتلەردە تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئۆزلىرىنى «天朝大国» دەپ ئاتاشقان بولسا، ئەتراپىدىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى ھەتتا ئۆزلىرىدىن ناھايىتى ئۇزاقتىكى ياۋروپالىقلارنى ئەدەپ - ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىن، سىياسەت جەھەتتىن پەس كۆرۈپ، ئۇلارنى «夷、狄、蛮、红毛番、洋鬼子» دېگەندەك لەقەم - ئىسىملار بىلەن ئاتاش ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىچە ئەمەلىيلەشمىگەن ياۋايى مەخلۇقلار قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن.

ئېتنىك مەركەزچىلىك بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى يەھۇدىيلار ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېتنىك مەركەزچىلىك ئانچە چېكىدىن ئېشىپ كەتمىگەندە شەخسنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشى ۋە سوتسىيو - كۇلتۇرەل پۈتۈنلىشىش نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيىتى بولغان بولىدۇ. شەخس ئىچىدە ياشاۋاتقان جەمئىيەت كۇلتۇرىنىڭ، قىممەتلىرىنىڭ، دىنىنىڭ، تىلىنىڭ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، پايدىلىق - ئېسىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاھىش، مەيىل شەكىللەندۈرەلىسە، ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتكە، كۇلتۇرگە يانلىشىپ بارىدۇ ھەتتا ئۇ جەمئىيەت ۋە كۇلتۇرنىڭ مەۋجۇدىيىتى، تەرەققىياتى ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

### 4. مەدەنىيەت (文明/Civilization)

مەدەنىيەت يەنى ئويغارلىق. تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تونجى بولۇپ يېقىنقى زامان غەرب تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلىشىشنى قوغلاشقان ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ زىيالىيلىرى سوتسىئولوگىيە بىلىمىنى فرانسىيەدىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇستەقىل كەسىپ سۈپىتىدە قۇرغاندىن كېيىن تۈرك تىلىنىڭ بىلىم تىلى بولۇشى ۋە ئىلمىي ئاتالغۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىم - ئايرىم شەكىلدە ئىنچىكە ئايرىلىپ ئىزاھلىنىشى ئۈچۈن كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلغان. بۇ خىل تىرىشۇش ئوسمانلى دۆلىتى پارچە-

لنىپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇستافا
كامال رەھبەرلىكىدىكى تىل ئىنقىلابىدا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ
داۋام قىلغان. ئوسمانلى دۆلىتى دەۋرىدە كۇلتۇر بىلەن
مەدەنىيەت بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ (كۇلتۇرنى
«ھارس»، مەدەنىيەتنى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتىغانىدى) ئايرىم -
ئايرىم مەنىلەر يۈكلەنگەنىدى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە
«ھارس» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە، تىل ساپلاش -
تۇرۇشنى ياقلايدىغان تىلچىلار «كەلتۇر» سۆزىنى قوللىنىشـ
قا تەكلىپ قىلىشقان بولسىمۇ، كېيىنلىرى يەنىلا ياۋروپا
تىللىرىدىكى Culture/Cultur/Kultur/Kültür قاتارلىق
ئەرخىل تەلەپپۇزلاردىن تۈرك تىلىنىڭ فونېتىك قۇرۇلمىسىغا
ماس كېلىدىغان «كۇلتۇر Kültür» ئومۇملىشىپ قالغان. تىل
ساپلاشتۇرۇش دولقۇنى ئەسناسىدا غەرب تىللىرىدىكى
Civilization ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئومۇملىشىپ بولغان
«مەدەنىيەت»[4] ئاتالغۇسىغا «ئۇيگۇر» سۆزىنى قوبۇل
قىلغان. «ئۇيگۇر» ئۇيغۇرنىڭ ئىستانبۇل تۈركچىسىدىكى
تەلەپپۇزى بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك تىللىقلار
ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ شەھەر مەدەنىيىتى يارات-
قانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلدا شەكىلدە
ئۆزلەشكەن. يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1940 -
يىللىرىغىچە « Uygur ئۇيغۇر» شەكلىدە قوللىنىلغان بول-
سىمۇ، كېيىنكى يىللاردا « Uygar ئۇيغار» غا ئۆزگىرىپ
كەتكەن (ئەدەبىي تىلدىكى تەلەپپۇزى: ئۇيگار، ئۇيگارلىق).
كۈنىمىز تۈركىيە تۈركچىسىدە ئۇيغار ۋە مەدەنىيەت سۆزلە-
رى مەنىداش، تەڭ مەنىلىك سۆزلەر شەكلىدە ئىشلىتىلمەك-
تە، بۇ ئوخشاشلا غەرب تىللىرىدىكى Civilization نى
كۆرسەتمەكتە.

**مەدەنىيەت ئاتالغۇسى:** مىللەتلەرگە ئورتاق قىممەت-
لەر سەۋىيىسىگە يۈكسەلگەن كۆزقاراش، ھەرىكەت شەكىل-
لىرى ۋە ياشاش ۋاستىلىرىدۇر. يەنى كۇلتۇرلەر ئارىسىدا
ئۆگىنىش يولى بىلەن بىر - بىرىگە ئۆتكەن ۋە بۇ شەكىلدە
ئورتاق ھالغا كەلگەن ئامىللاردۇر. مەدەنىيەت مەفھۇمى،
كونكرېت قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئىجتىمائىي تەشكىلات
سىستېمىلىرىنى، تېخنىكىنى، ماددىي بولغان ۋاستىلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغاندەكلا، سايلام ساندۇقلىرىنى، تېلېفوننى،
تىجارەت جەمئىيەتلىرىنى، پايپاسكىخانىلارنى، تۆمۈريوللارنى،
مەدەنىي قانۇنلارنى، مەكتەپلەرنى ھەتتا بانكىلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مەدەنىيەت مىللەتلەرنىڭ بىر - بى-
رىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشاش بولغان تەرەپلىرىنى كۆر-
سىتىدۇ. كۇلتۇر بولسا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدىغان
تەرەپلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### 5. تۇتۇم (态度/Attitude)

بۇ — ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم
ئاتالغۇسى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق بى-
لىمىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان، خۇسۇسەن، ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەتلەر تەھلىل قىلىنغاندا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم ئاتالغۇ-
دۇر. تۇتۇم - شەخسنىڭ مۇئەييەن نەرسىلەرگە ۋە مۇئەيي-
يەن ئەھۋاللارغا قارىتا مۇئامىلىسىنى بەلگىلەيدىغان ۋە
ئاكتىپ تەسىر قىلىدىغان؛ قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەر
ئاساسىدا تەشكىللەنگەن، ھېسسىي ۋە زېھنىي بىر ئىستېدات
(توغرا ياكى كېيىن شەكىللەنگەن قابىلىيەت) ياكى مەيل-
دۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا تۇتۇم بىر كىشىگە ۋە گۇ-
رۇپپىغا؛ بىر نەرسىگە ۋە نەرسىلەر گۇرۇپپىسىغا قارىتا كۆر-
سىتىلگەن مۇئامىلە، پوزىتسىيە، ئىنكاس ھەتتا بەزى ھەرى-
كەت، قىلىقلاردا ئۆزىنى روشەن كۆرسىتىدىغان (كۆپىنچە
ئۆگىنىلگەن (توغرا ئەمەس) بىر قابىلىيەت بولۇپ، ئادەتتە
كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ.

### 6. ساھە تەتقىقاتى (实地调查 Survey)

خەنزۇ تىلىدا 实地研究/实地调查 شەكلىدە ئى-
پادىلىنىدۇ. ئىنسانشۇناسلىق بىلىمدىكىلەر بولسا Survey
ئۈچۈن كۆپىنچە 田野调查 ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ
ئاتالغۇنى بەزىلەر ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ «دالا تەكشۈرۈشى»
دەپ ئالغان. بىزنىڭچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوگىكىسىغا ماس
كەلمەيدىغانلىقى ۋە ھادىسىنى دەل ئىپادىلىيەلمەيدىغانلىقى
تۈپەيلى بىز بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قىلالمايمىز.

ساھە تەتقىقاتى ياكى ساھە تەكشۈرۈش جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق بىلىمىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. ساھە تەتقىقاتى
ۋە ساھە تەكشۈرۈشى تەتقىقات ئوبيېكتىغا دائىر بىرىنچى
قول ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ توپلاش، يىغىش جەريانى ۋە
مېتودى بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەرقان-

داق بىر يەردىكى مۇئەييەن بىر رايون ياكى مۇئەييەن بىر گۇرۇپپا بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات مېتودىدا تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئىچىگە چۆكۈش، تەتقىق قىلىنماقچى بولغان تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنچىكىلەش، كۆزىتىش ۋە ئالدىن تەييارلانغان ئورتاق سوئاللارنى (ئانكېتىلەرنى) سوراش، چوڭقۇرلىما سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، مۇھىم ۋە تەتقىقات قىممىتى بولغان كۆرۈنۈشلەرنى لېنتىغا، سۈرەتكە ئېلىش، خاتىرىلەش... شەكلىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**7. كۆزلەم** (观察/Observation)

كۆزلەم، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق پېنىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدۇر. كۆزلەم — ئەڭ كەڭ مەنىسى بىلەن بىر بىلگۇ توپلاش جەريانىدۇر. كۆزلەم پەقەتلا كۆز بىلەن ئەمەس، پۈتۈن تۇيغۇ ئورگانلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۇيغۇ ئورگانلىرى يېتەرسىز قالغاندا ئۇلارنىڭ كۈچىنى ۋە تۇيارلىقىنى ئاشۇرىدىغان كۆزلەم ۋاستىلىرىنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: مىكروسكوپ، دۇربۇن، تېلېسكوپ... تەك كۆزلەم قىلىنىدىغان ھادىسىلەر ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەندەكلا (بايرام مۇراسىمى، توي - تۆكۈن...) سۈنئىي بىر شەكىلدە ھەم تەرتىپلىنىشى مۇمكىن (تەجرىبىخانىدا خالىغان مەلۇم نەرسە ھەققىدە تەجرىبە ئىشلەش ياكى مەلۇم ھادىسىنىڭ تەكرار ئورۇندىلىشى...). كۆزلەم جەريانىنىڭ ئىككى ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بار. بۇلاردىن بىرىنچىسى كۆزلەملەنمەكچى بولغان ھادىسىنىڭ ئىدراك قىلىنىشى، ئىككىنچىسى بولسا ئىزاھلىنىشىدۇر. كۆزلەمنىڭ بىر پۈتۈن كۆزلەملەنگەن بولۇشى ۋە ئىزاھىنىڭ تەرەپسىز شەكىلدە ئىپادە قىلىنىشى (ئوبيېكتىپ كۆزلەم) بولسا بىلىمنىڭ ئەقەللىي تەلىپىدۇر.

پۈتۈن بىلىملەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆزلەم ئارقىلىق تەتقىقاتقا، ئىشقا باشلىنىدۇ ۋە تەتقىقاتنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئىناۋەتلىكلىكىنى سىناش ئۈچۈن يەنە كۆزلەمگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، كۆزلەم — بىلىملەر ئۈچۈن ۋاز كېچىلمەس بىر مېتودتۇر.

**8. قېتىلمىلىق كۆزلەم** (参与式观察/Participated Observation)

بۇ كۆزلەمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ خىل تەتقىقات مېتودىدا تەتقىقاتچى تەتقىق قىلماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ بىر ئەزاسىدەك ئوبيېكتنىڭ نورمال پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق تەتقىقاتنى سۈردۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تەتقىقاتچى ئېھتىمۇ ئوبيېكتىپ ۋە كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات مۇددىئاسىنى ئوبيېكتقا مەلۇم قىلماسلىقى، ئۇلاردىن يوشۇرۇشى مۇمكىن. بۇ خىل كۆزلەمدە تەتقىقاتچى مەلۇم مۇددەت ئالەمەن تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن بىرلىكتە ياشايدۇ. بىرگە ئولتۇرۇپ، قوپىدۇ ۋە ھەرخىل پائالىيەتلىرىگە ئىزچىل قاتنىشىپ ماتېرىيال توپلايدۇ.

**9. تۆرە** (习惯法 Moral/Customary Laws)

**تۆرە:** تۆرە قەدىمكى ئۇيغۇر، ئۇيغۇر - تۈرك تىللىرىدا تۆرە، تۆرە شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تۆرە بىر جەمئىيەتتە، قوۋمدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئومۇملاشقان ھەرىكەت - قىلىق ۋە ياشاش شەكىللىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى؛ ئادەت - ئەنئەنىلەرنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان نىزاملىرىنى، يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى تۆرە، بىر جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرە، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە يېقىن زامانغىچە قانۇننىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەنىدى. ئەگەر مەلۇم جەمئىيەتتىكى قانۇن شۇ جەمئىيەتتىكى تۆرىلەر ئاساسىدا تۇرغۇزۇلماستىن، تامامەن سىرتتىن كۆچچۈرۈلۈپ كىيىلىنگەندە ياكى يات بىر مىللەت تۆرىسى ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان بولسا، ئۇشبۇ جەمئىيەتتە ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا تىرىشىلغاندا، جەمئىيەت ئەزالىرى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرەلىشى ناتايىندۇر.

**10. يېتەكچى جەمئىيەت** (Majority society/主流社会)

مەلۇم جەمئىيەتتە ياكى دۆلەتتە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرال جەھەتتە نىسبەتەن كۆپرەك ھەق - ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان، جەمئىيەتتە ياكى ئۇشبۇ دۆلەتتە بەلگىلىگۈچى ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى قارار مەركىزىدە بەكرەك سۆزى ئۆتىدىغان، پىچىقى كېسىدىغان گۇرۇپپىنى ياكى جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. جوڭگودا خەلق جۇمھۇ-

ىسىدە يېتەكچى جەمئىيەت ئادەتتە خەنزۇ جەمئىيىتىنى
ەركەز قىلغان ۋە ئۇ مىللەت تىلى پەلسەپسىدە تەپەككۇر
ىلىپ، ئۇشبۇ پەلسەپىنىڭ قىممەت قاراشلىرى بويىچە ھە.
ىكەت قىلىدىغان گۇرۇپپىنى كۆرسىتىدۇ.

## 11. ئېتنىك گۇرۇپپا (族群/Ethnic Group)

غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە ئىنسانشۇناسلىقىدا ناھايە.
ى كەڭ قوللىنىلىدىغان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېنىقلىمىسىدا بىرلىك.
ە كەلگەن مۇقىم تەبىر يوق بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساند.
ىكى سوتسىئولوگ ۋە ئانتروپولوگلار شۇ نۇقتىدا ھەمپىكىر.
دۇر. ئېتنىك گۇرۇپپا مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ھاكىم ۋە ئىو.
بۇمى كۇلتۇردىن نىسبەتەن پەرقلىق بولغان، ئۆزىگە خاس
خاسلىقى بولغان گۇرۇپپىلاردۇر. يەنى ئېتنىك گۇرۇپپا كۇل.
تۇرەل گۇرۇپپا بولۇپ، تارىخىي، جۇغراپىيىلىك شەرت.
شارائىتلار ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى تىل، تۇرمۇش يوسۇ.
نى، قىممەت قاراش ھەتتا ئېتىقاد جەھەتتە يېتەكچى جەمئى.
يەتتىن نىسبەتەن پەرقلىق بولغان گۇرۇپپىلاردۇر.

جۇڭگودىكى مىللەتشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ۋە ئىنس.
انشۇناسلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئاتالغۇنى مۇنازىرە
ۋە مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىجرا بولۇۋاتقان مىللەتلەر سىياسىتى،
دۆلەتنىڭ كۆپ مىللەتلىك رېئاللىقى بىلەن جىپسىلاشقانلىقى
تۈپەيلى، يېقىنقى يىللارغىچە مىللەتلەر تەتقىقاتىدا بۇ ئاتالغۇ
ئاساسەن دېگۈدەك ئۇچرىمىغان ياكى خەنزۇ تىلىدا مىللەت
مەنىسىدىكى «民族» بىلەنلا ئىپادىلەپ كېلىنگەنىدى.
1980 - يىللاردىن كېيىن غەربتە ئوقۇغان ياكى بىلىم ئا.
لغان بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلار ئامېرىكا قاتارلىق غەرب
دۆلەتلىرىنىڭ «ئۇلۇس - دۆلەت» يەنى «Nation-State/
民族国家» مودېللىرىدىن تەسىرلىنىپ، جۇڭگونىڭ كې.
يىنكى يىللاردا روشەنلىشىپ بېرىۋاتقان مىللەتلەر مەسىلى.
سى، دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەر
ئۈستىدە «باش قاتۇرۇپ»، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللى.
قىغا زىت بولغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ جىددىي.
لەشتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان بەزى
لايىھەلىرىنى[5] ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، جۇڭگو سوتسىئولوگ.
يىسى ۋە ئانتروپولوگىيىسىگە «ئېتنىك گۇرۇپپا Group
族群/Ethnic » ئاتالغۇسى ۋە ئاتالغۇ بىلەن ئالاقىدار نە.
زەرىيىلەرنى ئېلىپ كىرىپ، مەۋجۇت «مىللەت - 民族» ئا.
تالغۇسى ۋە نەزەرىيىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇۋات.
قانلىقى روشەن كۆرۈلمەكتە. بۇ يولدا ج ك پ نىڭ مىللەت.
لەر سىياسىتىنى ئۈستى يېپىق شەكىلدە تەنقىد قىلىپ،
«مىللەت - 民族» ئاتالغۇسىنى ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قال.
دۇرۇپ، ئورنىغا «ئېتنىك گۇرۇپپا Ethnic Group/族群»
دەسسىتىشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويىدى[6] ۋە تەسىرى دائى.
رىسىدە مۇناسىۋەتلىك ئۆزگەرتىشلەر بولۇشنى باشلىدى.[7]
بىز بۇ يەردە ئىلىمدە كۆپ خىللىق ۋە ھەرخىل كۆز قاراش.
لارغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇشبۇ ئاتالغۇ ۋە
مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەرنىڭ دۆلىتىمىز رېئاللىقى بولغان
«كۆپ مىللەتلىك» كە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئا.
ساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنلىرى تونۇپ، ئېتىراپ
قىلغان «مىللەت - 民族» نىڭ ئەسلا «ئېتنىك گۇرۇپپا
Ethnic Group/族群» ئەمەسلىكىنى تەكىتلىمەكچىمىز.
ئېھتىمال بۇ ئاتالغۇ ۋە نەزەرىيە سۇنغان فورمۇلىغا دۆلىتىمىز.
دىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەسىلەن: بۇرۇنلا ئۆزى.
نىڭ خاسلىقىنى يوقىتىپ ئاللىبۇرۇن خەنزۇ تىلى يېزىقى،
پەلسەپىسى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلىنى قوبۇل
قىلىپ بولغان، پەقەت قىسمەن كۇلتۇرەل پەرقى تۈپەيلى
سوتسىيالىستىك مىللەتلەر سىياسىتى نەتىجىسىدە ئايرىم
«مىللەت - 民族» بولۇپ قوبۇل قىلىنغانلارلا چۈشۈشى
مۇمكىن. لېكىن زور كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنى زورلاپ
«ئېتنىك گۇرۇپپا Ethnic Group/族群» قىلىپ قويۇش
ئىلمىي ئەخلاقتا سىغماسلىق بىلەن بىرلىكتە يەنە يەرشارىلىش.
ۋاتقان، ئۇچۇر - ئالاقە تېز بولۇۋاتقان كۈنىمىزدە ۋە ئىنسانى.
يەت دۇنياسىدا «كۆپ خىللىق Pluralism/多元化» ۋە
«كۆپ كۇلتۇرچىلىك Multiculturalism/多元文化主义
» تەرغىب قىلىنىۋاتقان كۈنىمىزدە مودىسى ئۆتكەن
«تاقخىلچىلىق 单一化» نىڭ تەرغىب قىلىنىشى تەرەققىيات
ئەمەس، چېكىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ خالاس.

كېيىنكى يىللاردا غەرب دۇنياسىدا ئېشىپ بېرىۋاتقان
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى ۋە بۇ تەتقىقات بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى مىللەتشۇناس، ئانتروپولوگلار، مەسى.
لەن: گلاد دىرۇ جۇڭگودىكى مىللەتشۇناسلىق ۋە ئانتروپولو.

گىيىنىڭ پەقەتلا خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرنىلا تەتقىق قىلىپ، خەنزۇلارنى تەتقىق قىلمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان ۋە خەنزۇ جەمئىيىتىدە تەتقىق قىلىنىش ئېھتىمالى ناھايىتى كۆچلۈك بولغان نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ بارلىقىنى، مەسىلەن: كېجيالىقلار (客家人) ئەمەلىيەتتە خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېتنىك گۇرۇپپا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ خەنزۇ جەمئىيىتىنى كۆزەتسىدىغان بولساق ئۇلار ئىچىدە تىللىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، كۇلتۇر ۋە پسىخولوگىيىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن گۇرۇپپىلار بار. ئەگەر خەنزۇ مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىغا قارايدىغان بولساق بىر ـ بىرىدىن ئىرق ۋە كۇلتۇر جەھەتتىن پەرقى زور بولغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەنلىكى رېئاللىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق جەمئىيەتتە كۆپ ساندا ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن نورمال ھادىسىدۇر. ئەگەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساق خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلار مىللىتىنىڭ بىر ئېتنىك گۇرۇپپىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئېتنىك ۋە ئىرقىي جەھەتتىن بىر مەنبەدىن كەلگەن ۋە كۈنىمىزدە مىللىي مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى ۋە سىياسىي مەنىدە بىر مىللەت، لېكىن كۇلتۇرەل تەۋەلىكتە پەرق ئىنتايىن زور.

يۇقىرىدا جەمئىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە) ۋە ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) پەنلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى شەرھلەپ ئۆتتۇق. ئاتالغۇلارنىڭ ئىچكىلىك بىلەن شەرھلىنىپ ئېنىقلىنىشى ۋە ئۇ ئاتالغۇلارغا يۈكلەنگەن ئىلمىي مەنەلەرنىڭ ئاڭقىرىلىشى پەقەتلا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرگە كىرىش، ئۆگىنىش ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت ۋە گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا ئاڭقىرىش، پەرق ئېتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ھادىسىلەرنى كلاسسىك ئىجتىمائىي پېنىمىزدە مەۋجۇت ئاتالغۇلار بىلەن لايىقىدا ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش نامۇمكىن كۆرۈنمەكتە. مەلۇم جەمئىيەت، مىللەت ئىجتىمائىي پېنىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇ مىللەت تىلىدا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ ئۇ پەن تىلىدا ئىزاھلىنىپ ئېنىقلىما بېرىلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەنەلەرنىڭ يۈكلىنىشى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مىللەت زىيالىيسىنىڭ يەنە شۇ مىللەت تىل يېزىقىدا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ تۇرۇپ، ئۇ مىللەتكە خاس تەپەككۇر شەكلىدە ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇشى بىلەن تېخىمۇ زىچ ئالاقىداردۇر. كۈنىمىز ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ ئاددىي باھانىلەر ۋە ئۆتكۈنچى سىياسەتلەرنى پەش قىلىپ، ئۆز تىلىدىكى ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە نەزەرىيىۋى قوغلىشىش، قىدىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقى ئايرىم بىر سوتسىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك تەتقىقات تېمىسىدۇر.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»، «تۇرپان» ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 4 ـ سان.

2. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

3. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «تىلنىڭ كۇلتۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان.

4. بوزقۇرت گۈۋەنچ: «ئىنسان ۋە كۇلتۇر»، رەمزى كىتابئەۋى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1979 ـ يىل.

5. ئىممانۇئەل ۋاللەرستەيىن: «گېئوپولىتىكا ۋە گېئو كۇلتۇر»، ئىز نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1993 ـ يىل.

6. گوردون مارشال (Gordon Marshal): «سوتسىئولوگىيە سۆزلۈكى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، ئوكسفورد.

7. ئېرنېست كەشمور (Ernest Cashmore): «ئىرق ۋە مىللەت تەتقىقاتى ئېنسىكلوپېدىيىسى» نيۇيورك روتلىج نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، نيۇ يورك.

8. ئانتونىي گىددىنس (Anthony Giddens): «سوتسىئولوگىيە»، پولىتىي نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، كامبرىج.

---

## ئىزاھاتلار:

① «كۇلتۇر» ۋە «مەدەنىيەت» ئاتالغۇلىرى ئىشلىتىد-

...ر سوتسىئولوگىيىلىك ئىزدىنىش ۋە ئىزاھاتلارنىڭ تەپسىلا-
...ى ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇر ۋە
مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»،
«تۇرپان» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 4 - سان؛ ئابدۇرەشىد
جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي
كۇلتۇر»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 2004 - يىللىق 2 - سان.

② ئىممانۇئەل ۋاللەرستەيىن: «گېئوپولىتىكا ۋە گېئو
كۇلتۇر»، ئىز نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1993 - يىل، 267 -
بەت.

③ بوزقۇرت گۇۋەنچ، «ئىنسان ۋە كۇلتۇر»، رەمزى
كىتابەۋى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1979 - بەت.

④ ئەسلى ئەرەبچىدە شەھەر مەنىسىدىكى «مەدىنە»
سۆزىدىن تۈرلەنگەن «مەدەنىيەت» سۆزى لۇغەت مەنىسى
بىلەن «شەھەرلىك» دېگەنلىك بولۇپ، «چۆل خەلقى،
كۆچمەن» مەنىسىدىكى «بەدەۋى» نىڭ زىتى شەكلىدە قول-
لىنىلغانىدى. بۇ تەرىقىدە ئەرەب تىللىق مىللەتلەر مەدەنى-
يەت ئاتالغۇسى بىلەن، ھەرقايسىسى ئۆز ئۇرۇقى، قەبىلىسى
بىلەنلا ياشايدىغان چۆل خەلقىگە ياكى كۆچمەن گۇرۇپپى-
لارغا نىسبەتەن، ھەرخىل ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋم، مىللەت،
دىن، مەزھەپتىكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن تول-
دۇرۇلغان ئولتۇراق رايون - شەھەر ياكى شەھەرچىلەردە
ئومۇملاشقان، نىسبەتەن ئورتاق بولغان ھايات بىرلىكى
ياكى شەكلىنى ئىپادە قىلىشقان. بۇ سەۋەبلىك مەدەنىيەت
ئاتالغۇسى ئېتنولوگىيىسى ئىپادىلىگەن مەنىسى ۋە ھەتتا
تۈز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى تۈپەيلى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە
تۇيغۇن سوتسىئولوگىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك ئاتالغۇ
بولۇپ قالغان.

⑤ «مىللەت - 民族» ئاتالغۇسىنىڭ غەرب تىللىرىغا
تەرجىمە قىلىنغىنىدا «Nation ياكى Nationality» بولۇپ
ئالدىغانلىقى ۋە سىياسىي مەنىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدەك رېئال-
لىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا ئېنىق-
راپ قىلىنغان ئاتالغۇ «مىللەت» ۋە بۇ خىل «مىللەت» تەبىرى-
نىڭ سىياسىي مەنىسى بارلىقى، بۇ تۈپەيلى ئۇشبۇ مىللەتلەر-
نىڭ ئاپتونومىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدەك رېئاللىقىنى بىلىپ
تۇرۇپ، يوقىلاڭ ئەندىشە ياكى چېكىدىن ئاشقان سەزگۈرلۈك
بىلەن ئۇشبۇ «مىللەت» لەرنىڭ يەقەتلا كۇلتۇرەل ئالاھىدىلى-
كىنى تەكىتلەش، سىياسىي مەنىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، خۇ-
سۇسەن ئۇلارنىڭ مەمۇرىي قەدەممۇ قەدەم ئاجىز-
لاشتۇرۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ج ك پ نىڭ 50
يىلدىن بېرى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان «مىللەت -
民族» ۋە «مىللەتلەر» سىياسىتىنى «ئېتنىك گۇرۇپپا Group
Ethnic/族群» ۋە «ئېتنىك گۇرۇپپىلار» سىياسىتىگە ئۆزگە-
رتىش ئۈچۈن غەيرىي رەسمىي گۇرۇپپا شەكلىدە ئۇرۇنماقتا.

⑥ بۇ ساھەدىكى ئەڭ تىپىك ۋەكىل خاراكتېرلىك
ئەسەرلەر ئۈچۈن پروفېسسور ماروڭ (马戎) نىڭ يېقىنقى
10 يىل ئىچىدە نەشر قىلغان ئەسەر ۋە ماقالىلىرىگە قارالسا
بولىدۇ.

⑦ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىنگلىز-
چىدىكى تەرجىمىسى (State Ethnic Affairs Committee)، مىللەتلەر نەشرىياتى (Ethnic Publishing House) قاتارلىق بۇ كومىتېت قارمىقىدىكى ئىدارە - ئور-
گانلارنىڭمۇ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئارقا - ئارقىدىن
«Ethnic» كە ئۆزگەرتىلدى. 2008 - يىلى مەركىزىي
مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بولغان
Central University for Nationalities تۇيۇقسىزلا
Minzu University of China قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
بۇنىڭ خەنزۇچىغا قايتۇرۇلما تەرجىمىسى ھازىرقىدىن
پەرقلىق شەكىلدە «中国民族大学» يەنى جۇڭگو مىل-
لەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تۇيۇقسىز
ئۆزگەرتىش بۇ مەكتەپ بىلەن ئالاقىسى بار بولغان چەت
ئەللىك ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇپلا
قالماستىن، بەلكى مەكتەپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى،
تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدىمۇ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

**ئاپتور:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئى-
يەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى دوتسېنتى، دوكتور.

**تەھرىرلىگۈچى:** ھەزرەت ئەلى بارات